يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# 9 ـ نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ 11 ـ قېتىملىق كۆزىتىشى بويىچە قايتما ئىنكاس قىلىش تاماملاندى

**ئۆز خەۋەرىمىز** ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، 2020 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىگىچە، 9 ـ نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ 11 ـ قېتىملىق كۆزىتىشىدە ئالتاي ۋىلايىتى قاتارلىق ئالتە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، جىڭ ناھىيەسى قاتارلىق 18 ناھىيە، شەھەر، رايونغا قارىتا مۇنتىزىم كۆزىتىش قانات يايدۇرۇلدى. يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى كۆزىتىش گۇرۇپپىلىرى كۆزىتىلىدىغان جايدىكى پارتىيە كومىتېتلىرىغا كۆزىتىش بويىچە قايتما ئىنكاس قىلىشنى تاماملىدى.

بۇ قېتىملىق كۆزىتىشتە كۆزىتىش خىزمىتى فاڭجېنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، كۆزىتىلىدىغان ۋىلايەت، ناھىيەلەرنىڭ فۇنكسىيەلىك مەسئۇلىيىتى ۋە رايون ئالاھىدىلىكى چىڭ كۆزلىنىپ، سىياسىي جەھەتتە كۆزىتىش تەلىپى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، «ئىككىنى قوغداش» تۈپ ۋەزىپە قىلىنىپ، دىققەت پارتىيەنىڭ نەزەرىيە، لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنى ۋە كۆزىتىش، ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش قاتارلىق نازارەت قىلىش جەريانىدا بايقالغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ئەھۋالىغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، سىياسىي نازارەتچىلىك يەنىمۇ كۈچەيتىلدى.

قايتما ئىنكاس قىلىش يىغىنىدا، ھەرقايسى كۆزىتىش گۇرۇپپىلىرى مۇنداق كۆرسەتتى: كۆزىتىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، كۆزىتىلگەن جايلاردىكى پارتىيە كومىتېتلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى بولۇپمۇ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە تېخىمۇ ئاڭلىق بولغان، باش نىشان ئېڭى ئۈزلۈكسىز كۈچەيگەن، پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش مەسئۇلىيەت ئېڭى ئومۇميۈزلۈك ئۆسكەن، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا سىجىل يۈقىرى ئۆرلەش، ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ھالىتى نامايان بولغان، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، جەمئىيەت مۇقىملىقى قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى، پائال ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ساقلانغان مەسىلىلەرنىمۇ كۆرسىتىپ بەردى: بەزى جايلاردىكى پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ پارتىيەنىڭ نەزەرىيە، لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشىدە پەرق ساقلانغان، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشى جايىدا بولمىغان؛ بەزىلىرىنىڭ «ئىككى مەسئۇلىيەت»نى كۈچەيتىشى، چىڭىتىشى كۈچلۈك بولمىغان، پاكلىق خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى جايىدا بولمىغان؛ بەزىلىرىنىڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى پۇختا بولمىغان، رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىدا كەمتۈكلۈك بار، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە ئاجىز ھالقىلار ساقلانغان؛ بەزىلىرىنىڭ كۆزىتىشتە بايقالغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى جايىدا بولمىغان، تۈزىتىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىدە پەرق ساقلانغان، تۈزىتىشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمى تېخى تاكامۇللاشمىغان قاتارلىقلار.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى كۆزىتىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى قاتارلىقلار قايتما ئىنكاس قىلىش يىغىنىغا قاتنىشىپ، كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشكە قارىتا تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: كۆزىتىلگەن جايلاردىكى پارتىيە كومىتېتلىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئارقىلىق كاللىنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرچ ئېڭى ۋە سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇشى كېرەك؛ پارتىيە كومىتېتى شۇجىلىرى بىرىنچى جاۋابكارلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، مۇھىم خىزمەتنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش، مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى ئۆزى سورۇشتۇرۇش، مۇھىم ھالقىنى ئۆزى ماسلاشتۇرۇش، مۇھىم دېلونى ئۆزى ھەيدەكچىلىك قىلىپ بېجىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك؛ رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزالىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار مەسئۇلىيەتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تونۇپ تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۆزىگە تەتبىقلاپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتكە تەتبىقلاپ، خىزمەتكە تەتبىقلاپ، «بىر ئىش ئورنى، قوش مەسئۇلىيەت» تەلىپى بويىچە، مەسئۇل بولغان ساھە ۋە ئالاقە باغلىغان رايوننىڭ تۈزىتىش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشى، تۈرتكە بولۇشى كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى، پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات تارماقلىرى تۈزىتىشتە كۈندىلىك نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىش مەسئۇلىيەت مېخانىزمى، ھەيدەكچىلىك قىلىش مېخانىزمى، باھالاش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، چىڭ كۆزلەپ، پۇختا كۆزلەپ، تۈزەتكەنلىرىنى تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈپ، كۆزىتىشتە قايتما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

كۆزىتىش جەريانىدا، كۆزىتىش گۇرۇپپىلىرى يەنە بەزى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مەسىلىلىرى ئىنكاس قىلىنغان يىپ ئۇچلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، بەلگىلىمە بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ماتېرىيال تەتقىقات يۇرتى مەركەز بېجىرىشكە تاپشۇرغان باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئەسەرلىرىنى تەھرىرلەش، نەشر قىلىش مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپىسىنى تىرىشىپ ياخشى ئورۇنداش بىلەن بىللە، بىر قاتار تەشۋىقات، تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرىنى يېزىشقا تەشكىللىدى ھەم «خەلق گېزىتى»، «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىلەردە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم بايانلىرى زىچ چۆرىدىلىپ، تارىخ بىلەن رېئاللىق، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش نۇقتىسىدىن، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ روھىي ماھىيىتى ۋە مول ماھىيەتلىك مەزمۇنى شەرھلەنگەن. كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت، ماتېرىيال تەتقىقات يۇرتى بۇ ماقالىلەرنى قىسىملارغا ئايرىپ توپلام قىلىپ نەشر قىلدى.

بۇ كىتابنىڭ 1 ـ قىسمىدىن 5 ـ قىسمىغىچە جەمئىي 33 پارچە ماقالە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، تەخمىنەن 300 مىڭ خەت كېلىدۇ. كىتابقا كىرگۈزۈلگەندە، بەزى ماقالىلەردىكى ئايرىم خەتلەرگە زۆرۈر تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى.

### 4 ـ قارارلىق مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نەمۇنىچىلىرىنىڭ تىزىملىكى ئېلان قىلىندى

# ئاپتونوم رايونىمىزدىن ئىككى خەلق ساقچىسى تىزىملىككە كىردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **سۈي يۈنيەن** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، 4 ـ قارارلىق مەملىكەتلىك «جامائەت خەۋپسىزلىكى نەمۇنىچىلىرى» ئېلان قىلىندى، ئاپتونوم رايونىمىزدىن ئىككى خەلق ساقچىسى بۇ تىزىملىككە كىردى، ئۇلار تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى چېگرادىن كىرىش ـ چىقىشنى باشقۇرۇش چوڭ ئەترىتىنىڭ چوڭ ئەترەت باشلىقى دىڭ فاگېن ۋە دۆلەت كۆچمەنلەرنى باشقۇرۇش ئىدارىسى شىنجاڭ چېگرادىن كىرىش ـ چىقىش چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش باش پونكىتى قونجىراپ چېگرادىن كىرىش ـ چىقىش چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتى ۋەزىپە ئىجرا قىلىش 4 ـ ئەترىتىنىڭ خەلق ساقچىسى سۈن چاۋ.

دىڭ فاگېن 1990 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، 1998 ـ يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى، 30 نەچچە يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ غەربىدىكى، ئېگىز ھەم سوغۇق، ئوكسىگېن كەمچىل پامىر ئېگىزلىكىنى چىڭ ساقلاپ، جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، شەخسىيەتسىز ئۆزىنى بېغىشلاپ، چېگرا رايوننىڭ تىنچلىقى ۋە دۆلەت دەرۋازىسىنىڭ ئامانلىقىنى كۈچلۈك قوغدىدى. ئۇ ئىلگىرى ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تەۋەلىكىدىكى ئەڭ چەت بولغان مارياڭ ساقچىخانىسىدا 11 يىل خىزمەت قىلغان، بۇ تەۋەلىك رايوننىڭ كۆلىمى 6670 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، قارلىق تاغقا چىقىپ، مۇز دەريادىن ئۆتۈپ، تىك قىيالاردا مېڭىپ، ئارقانلاردىن ئۆتكەن… ئۇ قەتئىي ئېتىقادى ۋە قەيسەر ئىرادىسى بىلەن تەۋەلىكتىكى ھەربىر ئائىلىگە بېرىپ، ئامانلىق ساقلاش بويىچە ئالدىنى ئېلىش، ماجىرالارنى ھەل قىلىش، قانۇن تەشۋىقاتى، خەلققە قولايلىق مۇلازىمەت قاتارلىق خىزمەتلەرنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، چارۋىچىلارنىڭ قەلبىدىكى «ياخشى تۇغقان»غا ئايلانغان. 2019 ـ يىلى 6 ـ ئايدا چېگرادىن كىرىش ـ چىقىشنى باشقۇرۇش چوڭ ئەترىتىنىڭ چوڭ ئەترەت باشلىقى بولۇپ يۆتكەلگەندىن كېيىن، ئۇ چېگرادىن كىرىش ـ چىقىشنى باشقۇرۇش كەسپىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، دۆلەت دەرۋازىسىنى قوغدىغۇچىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلدى.

سۈن چاۋ ساقچى بولغان 24 يىلدىن بۇيان، دېڭىز يۈزىدىن 3200 مېتىر ئېگىز بولغان پامىر ئېگىزلىكىنى ئىزچىل چىڭ ساقلاپ كەلدى، ئۇ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا ئېگىزلىكنى داۋاملىق چىڭ ساقلاشنى تاللىدى. سۈن چاۋ 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، ئېگىزلىكنىڭ تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك تېخنىكىسىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، «سانسىزلىغان مۇزلۇق چوققا ئېتىكىدىكى ئون مو جياڭنەن»دىن ئىبارەت يېشىللىق مۆجىزىسىنى ياراتتى. ئۇ ئۆزى تۇرۇشلۇق جاينىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىگە پائال ئاتلىنىپ، تاجىك ئاممىسىغا تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك تېخنىكىسىنى قولمۇقول ئۆگىتىپ، 50تىن ئارتۇق پارنىك، 100دىن ئارتۇق ئەمەن ئۆي ھويلا ـ ئاران ئەگمە لاپسى تېرىقچىلىق كۆلىمىنى شەكىللەندۈرۈپ، قوتاز، قوي باقمىچىلىقى ھەمكارلىق كوپىراتىپى قۇرۇپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوندىن ئارتۇق ئائىلىگە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىپ، جەمئىي 300 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىپ، ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى ئاممىنىڭ خاس باغۋەنچىلىك ئارقىلىق بېيىش يولىنى ئېچىشىغا تۈرتكە بولۇپ، شۇ جاينىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم رول ئويناپ، كەڭ ئالقىشقا ئېرىشتى.

بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نەمۇنىچىسىدىن ئونى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى قوشۇنىدا بارلىققا كەلگەن ئىلغار تىپلارنى زور كۈچ بىلەن تاللاپ، تىكلەپ، تەشۋىق قىلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى قەھرىمان نەمۇنىچىلىرىنىڭ روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، تۇنجى جۇڭگو خەلق ساقچىلىرى بايرىمىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەش، كەڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرى، ياردەمچى ساقچىلارنى تەلىم سۆزىنىڭ روھىنى سادىقلىق بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، جان تىكىپ ئېلىشىپ ئۆزىنى بېغىشلاپ، تېخىمۇ كۈچلۈك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق، بۇرچ ـ مەسئۇلىيەت، مەسئۇلىيەتچانلىق ـ دادىللىق بىلەن دۆلەت خەۋپسىزلىكى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، پارتىيە ۋە خەلق يۈكلىگەن يېڭى دەۋر بۇرچ ـ ۋەزىپىسىنى قەتئىي تاماملاپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت خەلق ساقچىلىرىنىڭ ئۆز مەنپەئەتىدىن كېچىپ ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەيدىغان، شەخسىيەتسىز ئۆزىنى بېغىشلايدىغان ياخشى ئوبرازىنى تولۇق نامايان قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە يېتەكلەش مەقسەت قىلىنغان.

# بورتالا ئوبلاستى: پارتىيە گېزىتىنى ئوقۇش، پارتىيە ژۇرنىلىنى ئۆگىنىش قويۇق كەيپىياتىنى ياراتتى

**پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى**
**تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيلى**

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **سۈڭ ياۋېن** خەۋەر قىلىدۇ: «پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلى يۇقىرىدا پارتىيەنىڭ قەلبى بىلەن تۇتىشىدۇ، تۆۋەندە خەلقنىڭ قەلبىگە ئۇلىنىدۇ. پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، پارتىيەنىڭ ساداسىنى ھەممە ئائىلىگە يەتكۈزۈش كېرەك» دېدى 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى لىن سۈيفېڭ.

2021 ـ يىللىق پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىدە، بورتالا ئوبلاستى يەتتە گۇرۇپپا قۇرۇپ، ناھىيە، شەھەرلەر ۋە ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى. ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەر ۋە ئورۇنلارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتتى، تەشكىلات تارماقلىرى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، پوچتا كارخانىلىرى ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ مۇلازىمەت قىلىپ، ھەر ھەپتىدە مۇشتەرى بولۇش ئەھۋالىنى قايتما ئىنكاس قىلىپ، 2021 ـ يىللىق پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق تاماملىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەر ۋە ئورۇنلار چۈشۈرۈلگەن 2021 ـ يىللىق مۇشتەرى بولۇش پىلان كۆرسەتكۈچى بويىچە ۋەزىپىلەرنى تەقسىملەپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلدى، ئەمەلىيلەشتۈردى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار، بورتالا شۆبە ھەربىي رايونى ۋە قوراللىق ساقچى قىسمىدىكى تۇەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلاردىن باشلامچىلىق بىلەن پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇپ، ھەربىر ئادەمدە بىر نۇسخىدىن بولۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەر ۋە ئورۇنلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترەتلىرى ئۈچۈن پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇپ بېرىپ، پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى.

بورتالا ئوبلاستىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى بەلگىلىك سوممىدا پارتىيە بەدەل پۇلى ئاجرىتىپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى، ھەممە كارخانا پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشىنى قوللاشقا ئىشلىتىپ، پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش خىراجىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلدى.

شەھەر، يېزىلاردىكى ھەرقايسى كۈتۈپخانا، مەدەنىيەت سارىيى قاتارلىق ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمەت ئورۇنلىرى ۋە مېھمانخانا، خەلق ئاۋدىياتسىيەسى، تۆمۈريول، تېلېگراف، پوچتا، بانكا، سۇغۇرتا، ئاممىۋى ئاپتوبۇس بېكىتى قاتارلىق خادىملارنىڭ يۈتكىلىشى بىرقەدەر كۆپ بولغان ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ ھەممىسى بەلگىلىك ساندىكى پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇپ ئوقۇرمەنلەرنى تەمىنلەپ، «پارتىيە گېزىتىنى ئوقۇش، پارتىيە ژۇرنىلىنى ئۆگىنىش»تەك قويۇق كەيپىياتنى ياراتتى.

12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە بورتالا ئوبلاستى «خەلق گېزىتى»گە 1653 پارچە مۇشتەرى قوبۇل قىلىپ، بۇلتۇرقى ئەڭ ئاخىرقى مۇشتەرى بولۇش ساندىن 1% ئاشۇردى؛ «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىغا 1345 پارچە مۇشتەرى قوبۇل قىلىپ، بۇلتۇرقى ئەڭ ئاخىرقى مۇشتەرى بولۇش ساندىن 16% ئاشۇردى؛ «شىنجاڭ گېزىتى»گە 6149 پارچە مۇشتەرى قوبۇل قىلىپ، بۇلتۇرقى ئەڭ ئاخىرقى مۇشتەرى بولۇش ساندىن 1% ئاشۇردى؛ «بۈگۈنكى شىنجاڭ» ژۇرنىلىغا 3332 پارچە مۇشتەرى قوبۇل قىلىپ، بۇلتۇرقى ئەڭ ئاخىرقى مۇشتەرى بولۇش ساندىن 2% ئاشۇردى.

بۇنىڭدىن باشقا، بورتالا ئوبلاستى يەنە ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى «ئانار بۇلۇت» تېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ ئىشلىتىشكە يېتەكلەشنى ھازىرقى خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ بىرى قىلىپ، مەخسۇس ئادەم مەسئۇل بولۇشنى ئايدىڭلاشتۇردى ھەم يەتتە تەشۋىقات شۆبە ئەترىتى تەشكىللەپ، ناھىيە، شەھەر، مەمۇرىي ئورگان، دوختۇرخانا قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتىپ «ئانار بۇلۇت» تېرمىنالىنى تونۇشتۇرۇپ، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئالاقىچىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ «ئانار بۇلۇت» تېرمىنالىنى ۋاقتىدا چۈشۈرۈپ، «ئانار بۇلۇت» ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ نوپۇزلۇق ئۇچۇرلىرىنى ئىگىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەرمۇ ئون نەچچە تەشۋىقات شۆبە ئەترىتى تەشكىللەپ، يېزا ـ بازار، مەيدان، كوچا باشقارمىسى، يېزا، مەھەللىلەرگە ئەۋەتىپ «ئانار بۇلۇت» تېرمىنالىنى تونۇشتۇردى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىنجاڭنىڭ دۆلىتىمىزدىكى چوڭ تىپتىكى نېفت، تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، زاپاس ساقلاش بازىسلىق ۋە قۇرۇقلۇقتىكى نېفت، تەبىئىي گاز ئىستراتېگىيەلىك يوللۇق ئورنى يەنىمۇ پۇختىلاندى.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر قاتلامدىكى نېفت، تەبىئىي گاز بايلىقى مىقدارى دۆلىتىمىزنىڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر قاتلامدىكى نېفت، تەبىئىي گاز بايلىقى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 60%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر، ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى تېمپېراتۇرا، ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى بېسىم قاتارلىق چېككە يەتكەن سىناق ئالدىدا، تارىم نېفتلىكى گېئولوگىيە نەزەرىيەسىدە يېڭىلىق يارىتىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر قاتلامدىكى قىدىرىپ تەكشۈرۈپ ئېچىش چېكىگە جەڭ ئېلان قىلىپ، ئىككى تۈرلۈك ئاچقۇچلۇق نېفت، تەبىئىي گاز گېئولوگىيە نەزەرىيەسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، تۆت چوڭ قىدىرىپ تەكشۈرۈپ ئېچىش تېخنىكىسى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، چوڭقۇر قاتلامدىكى، ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر قاتلامدىكى مۇرەككەپ نېفت، تەبىئىي گاز زاپىسىنى بىخەتەر پېچەتلەش ـ ئايرىش، تېز بۇرغىلاش، قۇدۇقنىڭ مۇكەممەللىكىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئاچقۇچلۇق تېخنىكىدىكى بوغما ھالەتنى بۇزۇپ تاشلىدى. 31 يىلدىن بۇيان، تارىم نېفتلىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى 32 نېفتلىك، تەبىئىي گازلىقنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاچتى، دۆلەت ئۈچۈن تۆھپە قوشقان نېفت، تەبىئىي گاز مەھسۇلات مىقدارى جەمئىي 400 مىليون توننىدىن ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تارىم ئويمانلىقىنى چۆرىدىگەن جەنۇبىي شىنجاڭدا تەبىئىي گاز ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى تورۇبا تورىنى قۇرۇپ، ھەر يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئىككى ئوبلاستقا 4 مىليارد كۇب مېتىردىن ئارتۇق تەبىئىي گاز يەتكۈزۈپ، 4 مىليون 300 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئاممىغا نەپ يەتكۈزدى.

«13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، تارىم نېفتلىكى چوڭقۇرلۇقى 7000 مېتىردىن ئاشىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر قۇدۇقتىن 223نى، چوڭقۇرلۇقى 8000 مېتىردىن ئاشىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر قۇدۇقتىن بەشنى بۇرغىلاپ تەكشۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر قاتلامدىكى نېفت، تەبىئىي گازنى قىدىرىپ تەكشۈرۈپ ئېچىشقا يېتەكچىلىك قىلدى. ھازىرغا قەدەر، تارىم نېفتلىكى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر قاتلامدىكى نېفت، تەبىئىي گاز گېئولوگىيەلىك زاپىسى جەمئىي 2 مىليارد توننىغا يېقىنلىشىپ، دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر قاتلامدىكى نېفت، تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى قۇرۇپ چىقتى.

يىرىك پىلانغا ئاساسەن، تارىم نېفتلىكى يېڭى رايون، يېڭى ساھەدىكى خەۋپ ـ خەتەرنى قىدىرىپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، مول نېفت، تەبىئىي گاز رايونىنى مەركەزلىك قۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، 2025 ـ يىلغا بارغاندا نېفت، تەبىئىي گاز مەھسۇلات مىقدارىنى 40 مىليون توننىغا يەتكۈزۈش، 2035 ـ يىلغا بارغاندا 50 مىليون توننىدىن ئاشۇرۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرىدۇ.